# ئىپتىشتا تىلغا يەڭگىل، مىيزان (قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆلچەيدىغان تارازا) دا ئېغىر، ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ئىككى سۆز بار

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىپتىشتا تىلغا يەڭگىل، مىيزان (قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆلچەيدىغان تارازا) دا ئېغىر، ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ئىككى سۆز بار، ئۇ بولسىمۇ: (سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى سۇبھانەللاھىل ئەزىيم)تەرجىمىسى: ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىش بىلەن ئۇنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئۇلۇغ ئاللاھنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، دېگەن سۆزلەردۇر
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسان ھەرقانداق ھالەتتە جاپا تارتماستىن دىيەلەيدىغان ئىككى كەلىمىدىن خەۋەر بېرىپ، بۇنىڭ ساۋابىنىڭ مىيزاندا ئېغىر كېلىدىغانلىقى، بۇ ئىككى سۆزنى رەببىمىز ئاللاھ تائالا بەكلا ياخشى كۆرىدۇ: «سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى سۇبھانەللاھىل ئەزىيم»بۇ ئىككى سۆز ئاللاھ تائالانى مۇكەممەللىك ۋە كاتتىلىق بىلەن سۈپەتلەش، بارلىق كەمچىللىكتىن پاكلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5507